# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 6 ـ ئاي
30
يەكشەنبە
维吾尔文 6月30日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65－0002/－W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24742 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


### دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ئالاھىدە كەچۈرۈم پەرمانى ئىمزالاپ ئېلان قىلدى

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە توققۇز تۈرلۈك جازا ئۆتەۋاتقان جىنايەتچىلەرگە ئالاھىدە كەچۈرۈم يولغا قويۇلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئالاھىدە كەچۈرۈم پەرمانى ئىمزالاپ ئېلان قىلىپ، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 ـ يىغىنى 29 ـ كۈنى ماقۇللىغان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە بىر قىسىم جازا ئۆتەۋاتقان جىنايەتچىلەرنى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، توققۇز تۈرلۈك جازا ئۆتەۋاتقان جىنايەتچىلەرگە ئالاھىدە كەچۈرۈمنى يولغا قويدى.

دۆلەت رەئىسىنىڭ ئالاھىدە كەچۈرۈم پەرمانىغا ئاساسەن، 2019 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن بۇرۇن خەلق سوت مەھكىمىسى چىقارغان كۈچكە ئىگە ھۆكۈمى بويىچە جازا ئۆتەۋاتقان توققۇز تۈرلۈك جىنايەتچىلەرگە ئالاھىدە كەچۈرۈم يولغا قويۇلدى: بىرىنچى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشىغا، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشىغا قاتناشقانلار؛ ئىككىنچى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش تاشقى ئۇرۇشقا قاتناشقانلار؛ ئۈچىنچى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلىرىغا بىر قەدەر زور تۆھپە قوشقان ھەم ئۆلكە، مىنىستىرلىق دەرىجىلىكتىن يۇقىرى «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» «ئىلغار خىزمەتچى» «1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى» قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشكەنلەر؛ تۆتىنچى، ئىلگىرى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن ھەم شەخسلەر بويىچە 1 ـ دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خىزمەت كۆرسىتىپ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر؛ بەشىنچى، قوغدىنىش چەكتىن ئېشىپ كېتىش ياكى خەۋپتىن ساقلىنىش چەكتىن ئېشىپ كېتىش سەۋەبىدىن، ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ياكى قالدۇق جازا مۇددىتى بىر يىلدىن تۆۋەن بولغانلار؛ ئالتىنچى، 75 ياشقا توشقان، تېنى ئېغىر مېيىپ بولغان ھەم تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن چىقالمايدىغانلار؛ يەتتىنچى، جىنايەت ئۆتكۈزگەندە 18 ياشقا توشمىغان، ئۈچ يىلدىن تۆۋەن مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ياكى قالدۇق جازا مۇددىتى بىر يىلدىن تۆۋەن بولغانلار؛

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## قانۇن بويىچە ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش قانۇنچىللىق روھىنى نامايان قىلدى

□خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

قانۇن جاھاننى تىنچلاندۇرىدۇ، ئەخلاق كىشى قەلبىنى ئىللىتىدۇ.

6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ رەئىس ئالاھىدە كەچۈرۈم پەرمانى ئىمزالاپ، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 11 ـ يىغىنىدا ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللانغان بىر قىسىم جازا ئۆتەۋاتقان جىنايەتچىنى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، 2019 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن بۇرۇن خەلق سوت مەھكىمىسى چىقارغان كۈچكە ئىگە ھۆكۈمى بويىچە جازا ئۆتەۋاتقان توققۇز تۈرلۈك جىنايەتچىلەرنى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پەيتىدە، بىر قىسىم جازا ئۆتەۋاتقان جىنايەتچىلەرنى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بېكىتىلگەن ئالاھىدە كەچۈرۈم تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتىكى يەنە بىر قېتىملىق مۇھىم ئەمەلىيەت، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش بىلەن دۆلەتنى ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى بولۇپ، مۇھىم، زور سىياسىي ئەھمىيەتكە ۋە قانۇنچىللىق ئەھمىيىتىگە ئىگە.

ئالاھىدە كەچۈرۈم خەلقئارادا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان، مۇھىم تارىخىي تۈگۈن نۇقتىسىغا دۇچ كەلگەندە دۆلەت مۇئەييەن جىنايەتچىلەرنىڭ قالدۇق جازاسىنى كەچۈرۈم قىلىدىغان ئىنسانپەرۋەرلىك تۈزۈمى. دۆلىتىمىزدە تاڭ سۇلالىسىدىن باشلاپلا «گۈللەنگەن دەۋردە جىنايەتچىلەرنى كەچۈرۈم قىلىش»تەك تارىخىي ئەنئەنە شەكىللەنگەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن 1975 ـ يىلغىچە، دۆلىتىمىز ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يەتتە قېتىم ئالاھىدە كەچۈرۈم ئېلىپ بارغان. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن، 2015 ـ يىلى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى ۋە دۇنيا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، دۆلىتىمىز يەنە 31 مىڭ 527 جىنايەتچىنى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

2019 ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، شۇنداقلا «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانى تارىخىي گىرەلەشمە مەزگىلگە كىرگەن ئاچقۇچلۇق يىل. بۇ مۇھىم تارىخىي پەيتتە، بىر قىسىم جىنايەتچىلەرگە ئالاھىدە كەچۈرۈمنى يولغا قويۇش يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىدىكى جازا بېرىشتە ئېھتىياتچان بولۇپ جىنايەتچىلەرگە غەمخورلۇق قىلىش، جازا ئارقىلىق تەربىيەگە ئىگە قىلىشتەك ئېسىل ئەنئەنىگە داۋاملىق ۋارىسلىق قىلغانلىقى ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىشەنچىسى ۋە تۈزۈم ئىشەنچىسىنى نامايان قىلىشقا پايدىلىق؛ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىدىيەسىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتنىڭ كۆزنى توسۇۋېلىشىدىن قورقماسلىق كېرەك

### ــــ رەئىس شى جىنپىڭ 20 دۆلەت گۇرۇپپىسى رەھبەرلىرى دابەن باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىپ، دۇنيا ئىقتىسادى ۋە يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش ئۆچۈن يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى، چوڭ دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە خەلقئارا ھەمكارلىق ئۈچۈن تومۇر تۇتۇپ رېتسېپ يېزىپ بەردى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، دابەن، 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 2019 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تەكلىپكە بىنائەن ياپونىيەنىڭ دابەنگە بېرىپ، 20 دۆلەت گۇرۇھى (G20) رەھبەرلىرىنىڭ 14 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا قاتناشتى. سەپەر ئاخىرلىشىش پەيتىدە، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ يى بىللە كەلگەن مۇخبىرلارغا بۇ قېتىمقى زىيارەتنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

ۋاڭ يى مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى G20 باشلىقلار يىغىنى خەلقئارا ۋەزىيەتتە قالايمىقانچىلىقلار گىرەلىشىپ كەتكەن تارىخىي ئۆتكەلدە ئۆتكۈزۈلدى. رەئىس شى جىنپىڭ دەۋر دولقۇنىدا مەزمۇت تۇرۇپ، لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتنىڭ كۆزنى توسۇۋېلىشىدىن قورقماي، يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش يۈكسەكلىكىدە، دۇنيا ئىقتىسادى ۋە يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىپ، چوڭ دۆلەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە خەلقئارا ھەمكارلىق ئۈچۈن تومۇر تۇتۇپ، رېتسېپ يېزىپ بېرىپ، جۇڭگو رەھبەرلىرىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكىنى نامايان قىلدى، مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەتنىڭ رولى، مەسئۇلىيەتچانلىقىنى جارى قىلدۇردى.

ئىككى كۈن ئىچىدە، رەئىس شى جىنپىڭ ئۇدا 20 نەچچە مەيدان پائالىيەتكە قاتنىشىپ، كۆپ تەرەپچىللىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەمراھلىق ھەمكارلىق روھىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭ 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ 14 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا داۋاملىق قاتناشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، دابەن، 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تېلېگراممىسى**(مۇخبىرلار لى جيەنمىن، جېڭ شياۋيى) 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ 14 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ياپونىيەنىڭ دابەندە داۋاملىق ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ قاتناشتى.

سىغدۇرۇشچان تەرەققىيات مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو تەرەپ يۇقىرى سۈپەتلىك ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى سىغدۇرۇشچان تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم تۇتقا قىلىشنى قۇۋۋەتلەيدۇ. يېقىندا بېيجىڭدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلگەن 2 ـ نۆۋەتلىك «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرىدە «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتلىك ئورتاق قۇرۇش چۆرىدىلىپ كەڭ ئورتاق تونۇش ۋە مول نەتىجە ھاسىل قىلىندى. بىز ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئوچۇق، يېشىل، پاك بولۇش ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك بولۇش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك. ئەڭ ئاخىرقى مەقسەت ھەر تەرەپلىمە ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش ئارقىلىق، يەر شارىۋى تەمىنلەش زەنجىرى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

### 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ 14 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ

## شى جىنپىڭ بېيجىڭغا قايتىپ كەلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كەچقۇرۇن، ياپونىيەنىڭ دابەندە ئۆتكۈزۈلگەن 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ 14 ـ قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بېيجىڭغا قايتىپ كەلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى دىڭ شۆشياڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ليۇ خې، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركەز تاشقى ئىشلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ياڭ جيېچى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ۋاڭ يى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خې لىفېڭ قاتارلىق ھەمراھ خادىملار شۇ ئايروپىلاندا بىللە قايتىپ كەلدى.

شۇ يەر ۋاقتى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ دابەندىن ئايرىلىپ يولغا چىقىپ دۆلەتكە قايتتى.

## شى جىنپىڭ ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ترامپ بىلەن ئۇچراشتى




6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ترامپ بىلەن دابەندە ئۇچرىشىش ئۆتكۈزدى.
□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، دابەن، 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار چېن جى، خو شياۋگۋاڭ، لو جۈن) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ترامپ بىلەن دابەندە ئۇچرىشىش ئۆتكۈزدى. ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك تۈپ خاراكتېرلىك مەسىلىلەر، نۆۋەتتىكى جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشى ھەمدە ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان خەلقئارا ۋە رايون مەسىلىلىرى توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى، كېيىنكى باسقۇچتىكى ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يۆنىلىش بەلگىلەپ رولىنى ئىگىلىدى، ماسلاشتۇرۇش، ھەمكارلىق، مۇقىملىقنى ئاساسىي رېتىم قىلغان جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى ئالغا سىلجىتىشقا قوشۇلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شى جىنپىڭ فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، دابەن، 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار خۇاڭ جيازى، خاۋ ۋېيۋېي) دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى دابەندە فرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ يىل 3 ـ ئايدا مەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا فرانسىيەدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدۇم. زىيارەت مەزگىلىدە بىز ھاسىل قىلغان بىر قاتار ئىستراتېگىيەلىك ئورتاق تونۇش ۋە ھەمكارلىق كېلىشىملىرى مۇقىم ئەمەلىيلەشمەكتە. دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلمىگەن زور ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلگەن پەيتتە، قورۇقچىلىق، يەككە تەرەپچىللىك تەتۈر ئېقىنى ۋە كىلىمات ئۆزگىرىشى قاتارلىق ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن ئورتاق خىرىس ئالدىدا، جۇڭگو ـ فرانسىيە چوڭ دۆلەت مەسئۇلىيىتىنى نامايان قىلىپ، مۇستەقىل، ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىپ، ئورتاق ھالدا كۆپ تەرەپچىللىكنىڭ قوغدىغۇچىلىرى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## يېشىل رەڭدە بوياپ، تەرەققىياتنىڭ يېڭى مەنزىرىسىنى سىزىش

### ــــ قۇتۇبى ناھىيەسى ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولدى




□مۇخبىرلىرىمىز گەي يۇۋجۈن، پەرىزات

6 ـ ئايدىكى قۇتۇبىنىڭ ھەممە يېرى يېشىللىققا پۈركەنگەنىدى.

6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ناھىيە بازىرىدىغا جايلاشقان شىنجاڭ شيۇجۈن سۈتچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ يېشىل سېخىدا، خالتا ـ خالتا ئېكولوگىيەلىك سۈت ئاپتوماتلاشقان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسىدە يەتكۈزۈلۈۋاتاتتى؛ بۇ ناھىيەنىڭ ئەرشىلەدەن بازىرىدىكى كۆچەت بازىرىدا ئىشچىلار كۆچەتلەرنى قىرقىپ شەكىل چىقىرىۋاتاتتى، بۇ تۈركۈم كۆچەتلەر قازاقىستانغا ئېكسپورت قىلىناتتى...

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)